# چاغان سىلەر بولغاچقا ئىللىقلىققا تولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خىزمەت قىلغان ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، لى يۈەنيۈەن خىزمەتداشلىرىغا ئوخشاشلا، چاغاننى بىر قېتىممۇ تولۇق ئۆتكۈزۈپ باقمىدى، كۆپىنچە ۋاقىتتا خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئاغرىقلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چاغاندا ئىشلەش ئادەتتە ئىشلىگەن بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيتتى. ئەگەر بۇ يىل چاغاندا قانداق ئوخشىماسلىق بار دېيىلسە، خۇبېيغا ياردەم بېرىشكە بارغان، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشقان لى يۈەنيۈەن ئادەتتىكى يىللارنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى ۋە تىببىي خادىملارنىڭ بۇرچ ـ مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى. «بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ھوشيارلىقنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك.» لى يۈەنيۈەن مۇنداق دېدى: مەن چوقۇم روھىمنى تولۇق ئۇرغۇتۇپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە، ئامما ھاياتى ۋە ساغلاملىقىنى ياخشى قوغدايمەن.

## ئامموۋى قاتناش ئاپتوبۇسى سەپەرگە چىقىش يولىنى ئىللىقلىققا چۆمدۈردى

□ ئۇلغۇچى: ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ۋېي خۇڭپېڭ

2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى سەھەردە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئامموۋى قاتناش جېنباۋ ئاپتوبۇس چەكلىك شىركىتى ئامموۋى قاتناش ئاپتوبۇسىنىڭ شوپۇرى گۇ شياڭفېڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، 2005 ـ يول ئامموۋى قاتناش ئاپتوبۇس مەيدانىغا دەل ۋاقتىدا كېلىپ، تازىلىق بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، «كونا ھەمراھ»ى — ئامموۋى قاتناش ئاپتوبۇسىغا چىقىپ ئىنچىكە تازىلاش ۋە دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى باشلىدى.

بۇلتۇر شەرەپ بىلەن «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن گۇ شياڭفېڭ ھەر يىلى چاغاندا خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەيدۇ، يۆتكىلىپ تۇرغان بۇ ئاپتوبۇسمۇ ئۇنىڭ 2005 ـ يول ئامموۋى قاتناش ئاپتوبۇس لىنىيەسى بويىدىكى ئاھالىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغان سۇپا بولۇپ قالدى.

«گۇ ئۇستام، يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!» «گۇ ئۇستام، چاغىنىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!»... ئاپتوبۇسقا چىققان يولۇچىلار توختىماي گۇ شياڭفېڭغا چاغانلىق بەخت تىلەيتتى. ئۇ ماشىنا ھەيدىگەچ كۈلۈپ تۇرۇپ: «يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!» دەپ جاۋاب قايتۇراتتى، ئۆزئارا ئەھۋال سوراشلار كېتىۋاتقان ئامموۋى قاتناش ئاپتوبۇسىنى خۇشاللىققا تولدۇراتتى.

ھەر يىلى ئامموۋى قاتناشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ چاغان ئۆتكۈزۈش گۇ شياڭفېڭغا نىسبەتەن يەنە بىر خىل بەخت ھېسابلىناتتى، «باش شۇجى شى جىنپىڭ بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدۇ، دېگەن. بۇ يىل كالا يىلى، كالا ئىشچانلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ سىمۋولى، مەن كالىنىڭ چىدامچانلىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، كۆپچىلىكنى يولدا بىخەتەر، كۆڭۈللۈك مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن».

## خېسۇەن تەكشۈرۈشنى «توختاتماسلىق»

□ ئۇلغۇچى: ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى يۈ مېڭرەن

«ھەدە، يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ئاغزىڭىزنى يوغان ئېچىڭ...» 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇداپىئە كىيىمى كىيگەن شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 2 ـ دوختۇرخانا قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ سېسترالار باشلىقى جاڭ جيا ئەپچىللىك بىلەن يۇتقۇنچاق پەلكۈچىنى تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ يۇتقۇنچىقىغا تېز كىرگۈزۈپ، ئەۋرىشكە ئالدى.

چاغان مەزگىلىدە، خېسۇەن تەكشۈرۈشتە «تەكشۈرتۈشنى خالىسىلا تولۇق تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق تەكشۈرۈش» خىزمەت نىشانىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى 2 ـ تارماق دوختۇرخانىسى 24 سائەت خېسۇەن تەكشۈرۈشنى «توختاتماي»، ئاممىنى قولاي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

«خىزمەتداشلىرىمنىڭ ھەممىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى.» جاڭ جيا مۇنداق دېدى: ئادەتتىكى كۈنلەردە چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئالاھىدە كۈنلەردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، تىببىي خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە دەم ئالماسلىق نورمال ئەھۋال.

«مەن نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان خېسۇەن تەكشۈرۈش ۋاقتىدا، دوختۇرخانا ئالدىن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىدى.» جاڭ جيا مۇنداق تونۇشتۇردى: «ئەۋرىشكە ئالغاندا، دەل جايىدا بولۇش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا ئاغزىنى يوغان ئېچىشنى ئەسكەرتىپلا قالماي، ئۆزىمىزمۇ يەنە ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇشىمىز كېرەك. گەرچە يۇتقۇنچاق پەلكۈچىدە ئەۋرىشكە ئېلىش پەقەت قىسقىغىنا ئون نەچچە سېكۇنت بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر ئەۋرىشكە ئېلىش جەزمەن دەل جايىدا بولۇشى، سەۋەنلىك كۆرۈلمەسلىكى كېرەك».

جاڭ جيا مۇنداق دېدى: «كالا يىلىدا كالىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، خېسۇەننى تېز، ئوڭۇشلۇق تەكشۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن بىخەتەرلىك مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەشتۇر».

## گۈزەل شەھەر بەرپا قىلىنىپ، چاغان تەبرىكلەندى

□ ئۇلغۇچى: ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاۋ يۈ

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سەھەردە، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى مۇھىت ئاسراش بويىچە تازىلاش، توشۇش ئەترىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش ئىشچىسى ۋاڭ دۈڭ ئەخلەت توشۇش ئاپتوموبىلىنى گۇاڭمىڭ يولى گۇاڭمىڭ بىناسىنىڭ ئاستىغا ھەيدەپ كەلدى. كوچىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ، تار بوشلۇقتا ئاپتوموبىلنىڭ بېشىنى ئەپچىللىك بىلەن بۇرىدى، ۋاڭ دۈڭ ئاپتوموبىلنى «قاتار تىزىلىپ ساقلاۋاتقان» بىر قاتار يېشىل ئەخلەت ساندۇقىنىڭ يېنىغا بىخەتەر توختاتتى.

ئاپتوموبىلدىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ئاپتوموبىلنىڭ يان تەرىپىدىن توك بىلەن كونترول قىلىنىدىغان مەشغۇلات قۇتىسىنى ئېلىپ، ماشىنا بىلەكنى باشقۇرۇپ، ئەخلەت ساندۇقىدىكى ئەخلەتلەرنى ئاپتوموبىلغا تۆكتى. ناھايىتى تېزلا ئون نەچچە تۇڭ ئەخلەتنى تۆكۈپ بولدى. ئۇ مەشغۇلات قۇتىسىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ كېيىنكى ئەخلەت توشۇش نۇقتىسىغا قاراپ ماڭدى.

«چاغان مەزگىلىدە، بىز مۇھىت ئاسراش ئىشچىلىرى قار تازىلاش، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى توشۇش بىلەن بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز! بۇ كۈنلەردە، بىز ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 5 ـ 4كىچە ئىشلىدۇق. قاراڭ، چوڭ ـ كىچىك كوچىلار پاكىز بولۇپ، كىشىلەر چاغاننى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى، بىز ناھايىتى خۇشال بولدۇق ھەم مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا چۆمدۇق.» ۋاڭ دۈڭنىڭ قارامتۇل چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

54 ياشلىق ۋاڭ دۈڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 30 يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى چاغاندا دەم ئالمىدى. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئۈرۈمچىدە قېلىپ چاغان ئۆتكۈزگەنلەر بىرقەدەر كۆپ، چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنىدىكى ئەخلەت ئادەتتىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇپ، مەن ۋە ئىشداشلىرىم ئۇدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدۇق.

«شەھەرنىڭ ھۆسنىنى تۈزىگۈچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز مۇھىت ئاسراش ئىشچىلىرى بارغانسېرى جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتۇق. بىز ياشاۋاتقان شەھەرنىڭ يىلدىن ـ يىلغا گۈزەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆيدىكىلەر بىزنى ناھايىتى چۈشەندى ۋە قوللىدى!» دېدى ۋاڭ دۈڭ.

## بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇپ، ئامانلىقنى قوغدىدى

□ ئۇلغۇچى: ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي يۈنيەن

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سائەت 11دە، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتناش ساقچى باش ئەترىتى يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول تارماق ئەترىتى ئۈرۈمچى غەربىي چوڭ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى سېرىك قايىم تەۋەلىكىدىكى يول يۈزىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ئاستا يۈرۈشنى ئەسكەرتىۋاتاتتى. «بۈگۈن تەۋەلىكىمىزدە ئاپتوموبىل ئېقىمى بىرقەدەر كۆپ، ھازىر G30 لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى تۇدۇڭخابا ھەق ئېلىش پونكىتىدىن سەنپىڭ مۇلازىمەت رايونىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇمان بار، كۆپچىلىككە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشنى، خالىغانچە يول ئۆزگەرتمەسلىكنى ئەسكەرتىش كېرەك» دېدى ئۇ.

چاغانلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول قاتناش ساقچىلىرى باشتىن ـ ئاخىر ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئامانلىقنى قوغدىدى. سېرىك قايىم مۇنداق دېدى: بۇ كۈنلەردە تەۋەلىكىمىزدىكى يوللار بىخەتەر، راۋان بولدى، پەقەت قىسمەن يول بۆلەكلىرىدە ئەتىگەن، كەچتە تۇمان كۆرۈلدى، تۈنۈگۈن كەچتە غەربىي ۋوگزال ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى ئەتراپىدا ئازراق قار ئۇچقۇندى، بۇ قاتناشقا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىدى.

چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە، سېرىك قايىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا قاپسىلىپ قالغان بىر ئاپتوموبىلنى ئۇچراتتى. شوپۇر ما X ۋاقىتىنچە ئىشى چىقىپ قېلىپ، ئاپتوموبىلنى يول بويىدىكى ئازادە رايونغا توختىتىپ قويغان بولۇپ، يولغا چىققاندا ئاپتوموبىلنىڭ تەگلىكى قار ـ مۇزدا تىرىلىپ قېلىپ، بالون تېيىلىپ، مىدىرلىيالماي قالغان. سېرىك قايىم خىزمەتداشلىرى بىلەن دەرھال گۈرجەك ۋە ئاپتوموبىل سۆرەش ئارغامچىسىنى ئېلىپ، ئاپتوموبىل ئاستىدىكى يىغىلىپ قالغان قارلارنى تازىلاپ، ساقچى ئاپتوموبىلى بىلەن ئاپتوموبىلنى قار دۆۋىسىدىن سۆرەپ چىقارغان.

«بىزنىڭ ساقچى ئاپتوموبىللىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئىلمەك توك سىمى، ئاپتوموبىل سۆرەش ئارغامچىسى، دامكرات، چېلەك قاتارلىق قۇتقۇزۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار سەپلەنگەن بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ غەم ـ ئەندىشە، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىمىز» دېدى سېرىك قايىم.

# «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، «ئەڭ گۈزەل قار يۇرتى» بەرپا قىلىش

### — ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ يەننى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ تىڭ

«13 ـ بەش يىل»غا نەزەر سالساق، ئالتاي ۋىلايىتى قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئالتاي ۋىلايىتى قايسى جەھەتلەردە كۈچەيدۇ، تۈرتكە بولۇنىدىغان مۇھىم نۇقتا، يارقىن نۇقتا خىزمەتلىرى قايسىلار؟ ساياھەتچىلىكنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان ۋىلايەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، قانداق قىلغاندا كۆركەم سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قىممىتى بار بايلىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ يېقىندا، مۇخبىر ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ يەننى زىيارەت قىلدى.

## يېشىل رەڭ ئالتاينىڭ ئەڭ يارقىن ئاساسىي رېڭىگە ئايلاندى

«‹13 ـ بەش يىل› مەزگىلىدە، بىز يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەلىك پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ‹ساياھەتچىلىكنى ئاساس قىلىش، 1 ـ كەسىپكە تەسىر كۆرسىتىش، 2 ـ كەسىپكە تىرەك بولۇش›تا چىڭ تۇرۇپ، ساياھەتچىلىك كەسپى، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، پورت ئىقتىسادىنى كۈچەپ يېتىلدۈردۇق. 500 مىڭ مولۇق جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكلىرى بازىسى، 500 مىڭ مولۇق شىرنىلىك مېۋە بازىسى، 2 مىليون مولۇق يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇشنى تېزلەتتۇق، ‹10 مىڭ تۆگە باغچىسى› ‹10 مىڭ ئېشەك باغچىسى› ‹10 مىڭ كالا باغچىسى› ۋە ئات كەسپلەر باغچىسى قاتارلىق كەسىپ تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، ‹كالا، قوي، ئات، تۆگە، ئېشەك، سۈت مەھسۇلاتلىرى، يەم ـ خەشەك، دورا ئۆسۈملۈكلىرى، مېۋە، سۈت›تىن ئىبارەت ئون چوڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپنى پۈتۈن كۈچ بىلەن بەرپا قىلدۇق، تەرەققىيات سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى، زاپاس كۈچ تېخىمۇ يېتەرلىك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولدى» دېدى جاڭ يەن.

جاڭ يەن مۇنداق بىلدۈردى: «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»نى ياخشى قىلىش داۋامىدا، ئالتاي ۋىلايىتى مىسلىسىز يۈكسەكلىك ۋە سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتتى، چىڭگىل، جېمىنەيدىن ئىبارەت ئىككى نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىۋەتتى، «ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش»تەك گۈزەل ئارزۇ قەدەممۇقەدەم رېئاللىققا ئايلانماقتا، ھەر مىللەت ئامما چىن قەلبىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭدى.

«بىز بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، بوز يەر ئاچماسلىق، كان ئاچماسلىق، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئاچماسلىقتىن ئىبارەت ‹ئۈچنى ئاچماسلىق› ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل چېكى، تۆۋەن چېكىنى بەلگىلەپ، ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق ئېكولوگىيە تۈرلىرىنى قوزغىتىپ يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق، تاغ ـ دەريالار يېشىللىققا پۈركەندى، مەنزىرە تېخىمۇ گۈزەللەشتى، يېشىل رەڭ ئالتاينىڭ ئەڭ يارقىن ئاساسىي رېڭىگە ئايلاندى» دېدى جاڭ يەن.

## «6635» ئىستراتېگىيەلىك يولى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدۇ

جاڭ يەن مۇنداق بىلدۈردى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئالتاي ۋىلايىتى «ساياھەتچىلىكنى ئاساس قىلىش، 1 ـ كەسىپكە تەسىر كۆرسىتىش، 2 ـ كەسىپكە تىرەك بولۇش» تەرەققىيات پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، «6635» ئىستراتېگىيەلىك يولىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويىدۇ.

بىرىنچى «6» ئاچقۇچ بولۇپ، ئالتە چوڭ مەبلەغ سېلىش ساھەسىنى كۆرسىتىدۇ، ئاساسلىقى چوڭ ساياھەت، چوڭ قاتناش، چوڭ ئېكولوگىيە، چوڭ يېزا ئىگىلىكى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، چوڭ ساغلاملىقتىن ئىبارەت ئالتە چوڭ ساھەگە ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىشنى سىجىل كېڭەيتىش ئارقىلىق، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ زاپاس كۈچى ۋە سۈپىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئىككىنچى «6» ئاساس بولۇپ، ئالتە چوڭ ئاساسنى پۇختىلاش قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ، ئاساسلىقى ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، مائارىپ كۈچلۈك رايونى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، شەھەرلەرنى يېڭى قىياپەتكە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئالتە چوڭ ئۇل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ پۇختىلاش ئارقىلىق، ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاساسى ئومۇمىيۈزلۈك پۇختىلىنىدۇ.

بىر «3» يادرو بولۇپ، ئۈچ چوڭ تۈۋرۈك كەسىپنى كۆرسىتىدۇ، ئاساسلىقى زامانىۋى ساياھەتچىلىك، زامانىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، پورت ئىقتىساد بەلبېغىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈۋرۈك كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زورايتىش ئارقىلىق، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك موتورى ئومۇمىيۈزلۈك بەرپا قىلىنىدۇ.

بىر «5» نىشان بولۇپ، بۇ «663»تىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، تىرىشىپ ئالتاي ۋىلايىتىنى دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك رايون، دۆلەت پۈتۈن رايون ساياھىتىدىكى ئۈلگىلىك رايون، دۆلەت قار ـ مۇز كەسپىدە يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك رايون، مەملىكەت بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتىكى مۇنەۋۋەر رايون، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، تېخىمۇ تىنچ ـ ئامان، تېخىمۇ گۈزەل، بەختلىك يېڭى ئالتاي قۇرۇپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

## شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە ئالتاي تۆھپىسىنى قوشىمىز

ئالتاي ۋىلايىتى ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مول ساياھەت بايلىقى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، بايلىق تىپىدىكى، يىرىك تىپتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، «ساياھەتچىلىكنى ئاساس قىلىش، 1 ـ كەسىپكە تەسىر كۆرسىتىش، 2 ـ كەسىپكە تىرەك بولۇش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات پىكىر يولىغا ئاساسەن، ساياھەتچىلىكنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان رايونغا ئايلاندى.

«بىز شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەلىك پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان ‹يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈش، لىنىيە بەرپا قىلىش، داڭلىق ماركا يارىتىش، تەشۋىق قىلىش ـ تونۇشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش، كەسىپكە تۈرتكە بولۇش›تىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك تەلىپىگە ئاساسەن، چوڭ قاناس مەنزىرە رايونى يىرىك پىلانىنى قوزغىتىپ، ‹ئۈچ ئوقلۇق N ئايلانما› يازلىق ساياھەت لىنىيەسى، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش سەرخىل لىنىيەسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى، ئالتاي ـ قۇم كەنتى تاشيولى، تېرەكتى ـ جيادېڭ جىلغىسى تاشيولى قاتارلىق ساياھەت مۇھىم يوللىرىنى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇردۇق» دېدى جاڭ يەن.

ئالتاي ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون قىشلىق قار ـ مۇز ساياھەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يادرولۇق رايون بولۇشتەك ئورنىنى چىڭ تۇتۇپ، مەۋقەنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قار ـ مۇز بايلىقى ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ قار ـ مۇز چوڭ رايونى يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، «تۆت رايون، بىر بەلباغ» قىشلىق ساياھەت لىنىيەسىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىك پەرقى ئەڭ چوڭ كۆكتوقاي خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانى، مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر شەھەر ئىچىدىكى قار تېيىلىش مەيدانى — جياڭجۈن تېغى قار تېيىلىش مەيدانىنى قۇرۇپ، ئاسىيادىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، قار سۈپىتى ئەڭ ياخشى يېكاشيا خەلقئارا قار تېيىلىش ئىستراھەت رايونى قۇرۇلۇشىنى قوزغاتتى، كۆكتوقاي خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانى، جياڭجۈن تېغى سارقوبۇ دالىدا قار تېيىلىش مەيدانى دۆلەت كوماندىسىنىڭ قىشلىق قار ئۈستى تۈرى مەشىق بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. «تۇپرىقى پاكىز قاناس، قار يۇرتى ئالتاي» يادرولۇق ماركىسى، «ئىنسانلارنىڭ قار تېيىلىشى بارلىققا كەلگەن جاي» مەدەنىيەت ماركىسى، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ، قار ـ مۇزلۇق ئېكولوگىيە ماركىسىنىڭ بارغانسېرى داڭقى چىقماقتا، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئالتاينىڭ قىشلىق ساياھىتىدە ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز ساياھەت كەسپىنى ئاساس قىلىشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، يىرىك پىلاننى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىپ، تەشۋىقات، ماركېتىڭغا سىجىل كۈچەپ، پۈتۈن كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئاممىغا نەپ يەتكۈزۈپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە ئالتاي تۆھپىسىنى قوشىمىز» دېدى جاڭ يەن.